نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن

# دۇردانىلەر

(3)



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：米克丽·阿布都热合曼
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提. 亚森
封面设计：阿里甫·夏
技术编辑：买买提艾力·里提甫

# 阿凡提笑话的人生智慧

(3)

(维吾尔文)

艾克拜尔. 吾拉木　整理

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001)
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　3.25 印张
2002 年 5 月第 1 版　2006 年 1 月第 2 次印刷
印数：5071—8070

ISBN7—5371—4032—4/C·107　定价:5.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: مېھرىگۇل ئابدۇراخمان
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
تېخنىك رېداكتورى: مۇھەممەد ئەلى لىتىپ

# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن دۇردانىلەر

(3)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەكبەر غۇلام

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.25
2002 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 1 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN7—5371—4032—4/C • 107
سانى: 5071—8070
باھاسى: 5.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


ھېچنېمە ........................................ 1
كىم كېپىللىك قىلالايدۇ ........................ 2
ئېگىز قەبرە ................................... 3
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق .................. 4
دەلدۈش دېگەن ئۆزىڭىز ......................... 5
ئاغىنەمنىڭ سانى .............................. 6
شەيتاننىڭ قىياپىتى ............................ 7
ئىسسىق شورپا ۋە سوغۇق شورپا .................. 8
گال ئۇستىرا .................................. 9
بىتاقەت بولۇش ............................... 10
ئەپسۇن ...................................... 11
موزاينى ئەرەپچە نېمە دەيدۇ ................... 12
ئۆزۈڭنىمۇ قوغلىۋەت ........................... 13
چىراغنىڭ پايدىسى ............................. 14
پۇلىڭىزنى ھازىر ئېلىۋېلىڭ ...................... 15
سەۋەبى ئىككى ................................ 16
تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتسۇن .................. 17
ھەممىدىن بەك نېمىدىن قورقىسەن؟ ............... 18
ئىلھام ۋە ھورۇن .............................. 19
مېنىڭ دادام كەمبەغەل ئىدى .................... 20
چاشقان مۈشۈككە يولۇققاندەك .................. 21
چۈشىن بار ................................... 22
ئاغىنىسىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم ياخشى ئادەم
ئەمەس ....................................... 23

ۋاقىتنى ئالدىغا سۈرۈۋېتىپتۇ ........................ 24
قارا ساقال ۋە ئاق ساقال ........................ 25
بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولىدۇ ........................ 26
ئىشىكنى سولاش ........................ 27
راست بىلەن يالغان ........................ 28
مانا مۇشۇنداق چېقىلىپ كەتتى ........................ 29
غەيۋەت قىلماڭلار ........................ 30
ئۆلگەن ئادەم قانداقمۇ ئادەم قۇتقۇزالىسۇن؟ .......... 31
قېرىلىقنىڭ ئالامىتى ........................ 32
مۇنارنى ھەرىدىۋېتىمەن ........................ 33
ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقى ........................ 34
ئېكىنچى ياكى ئېشەك ........................ 35
ئالتۇن ئۈزۈك ........................ 36
ئالىمنىڭ يوغانلىقى ........................ 37
سازەندە ........................ 38
سىزنىڭمۇ ئېيتقانلىرىڭىز توغرا ........................ 39
سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ........................ 40
سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت ........................ 41
ئۆزۈمنىكىن دەپتىمەن! ........................ 42
ئېگەردىن چۈشمىدىم ........................ 43
تاپان ھەققى ........................ 44
ۋاپا قىلمىغان كەشە ........................ 45
قەيەردىن ئۆتۈشنى مەنمۇ بىلمەيمەن ........................ 46
نېمىشقا بىر جۈپ ئۆتۈك تىكىۋالمايسىز؟ .......... 47
چىغىر يول ........................ 48
كۆلدە سۇ بولمىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى...... 49
مەنسەپكە لايىق ئۆي ........................ 50
خۇدايىم بۇيرۇسا ........................ 51




此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

قالتىس چارە ...................... 52
ئەخمەق بىلەن كالۋا...................... 53
ئالدىنىش ...................... 54
باراۋەر بولۇش ...................... 55
بۆلۇشۇش ...................... 56
ئىشقىلىپ مەن بۇزمىدىم...................... 57
ئىچىدە مەن بار تۇرسام!...................... 58
ئەخمەق توخۇلار ...................... 59
خۇرجۇندا ...................... 60
سۇت توشۇيدىغان ئات ...................... 61
ئۇچىدىغان ئوخشايدۇ ...................... 62
زادى كىم ساتىدۇ ...................... 63
ئەسلىدىمۇ نىيىتىم بار ئىدى ...................... 64
ئاچقۇچ ئىزدەش ...................... 65
پەرىجىنى تېپىپ كەل ...................... 66
ئېشەكنىڭ ئۇستىدە مەن بولغان بولسام قانداق
قىلاتتىم؟ ...................... 67
ئەقىللىق بۆرە ...................... 68
قاراڭغۇدا ئۇڭ بىلەن سولنى نەدىن بىلەي ...................... 69
ئۆزۈمنى يىتتۇرۇپ قويدۇم...................... 70
مۇشۇكنى ئاداشتۇرۇش...................... 71
چۆكۈرۈۋېتەي دەيمەن ...................... 72
ئالما كۆچىتى ...................... 73
شۇ كېلىشىڭ راست بولسا ...................... 74
ئەپەندىنىڭ تۇرنىسى...................... 75
مەسئۇلىيەت دائىرىسى...................... 76
يامان بۇلاق ...................... 77
سىزمۇ ئۇيالامسىز ...................... 78

ئەپەندى ۋە هامال ........................ 79
ماڭا يازغان خەت ئەمەس ........................ 80
تېخى ئويلاشمىدىم ........................ 81
پېشكەللىك ........................ 82
ئىگەڭچىلىك ئەقىلىڭ بولسا ........................ 83
بىر تۆگە زىيان تارتقۇچە ........................ 84
ياشلىقىمۇ چاغلىق ئىدى ........................ 85
ئاخىر بىر كۈن گۆرگە كېلىدۇ ........................ 86
گۆشنى تۇزلىۋالدۇ ........................ 87
ئۆز قولىغا بەردىم ........................ 88
ئەمدى چىللىغىنىڭنى كۆرەي ........................ 89
يەنە تۆت يىل مىنىسىڭىز ........................ 90
ئوغرىدا گۇناھ يوقمۇ؟ ........................ 91
بايغا قوي سويۇپ بېرىۋاتىمەن دەپ ئويلاپتىمەن ........................ 92
كەلكۈن ........................ 93
ئۆيۈمدىكى بوراندىن قېچىپ ........................ 94
ئەقىلگە ۋارىسلىق قىلىش ........................ 95

# ھېچنېمە

ئەپەندى ناھايىتى بېخىل بىر ئادەم بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار چۈشلۈكى ئەپەندى ئەكەلگەن نان بىلەن پىشۇرۇلغان توخۇمنى يەپتۇ. كەچ بولغاندا، بېخىل ئادەم دەريا بويىغا ئۆزى يالغۇز بېرىپ، ئەكەلگەن گۆشنى ئوغرىلىقچە يەپتۇ.

ئەپەندى ئۇنى بايقاپ قېلىپ:

— ئاداش، يەۋاتقىنىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېچنېمە! — دەپتۇ بېخىل گۆشنى دەرھال كەينىگە تىقىپ.

— ھېچنېمىڭىزنى چىقىرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندى، — ھېچنېمىڭىزنى بولسىمۇ تەڭ يەيلى!



# كىم كېپىللىك قىلالايدۇ

ئۆزىنى بىلىملىك چاغلايدىغان بىر ئادەم، قېلىن كىتاب-
تىن بىرنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەتراپتىكى ئادەملەرگە:
— ئەگەر سىلەر مۇشۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقساڭلار،
سىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالىدىغان-
لىقىڭلارغا كېپىللىك قىلىمەن، — دەپتۇ.
— خوش، سىزنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققانلىقىڭىزغا
كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟— دەپتۇ ئەپەندى.



# ئېگىز قەبرە

بىر كۈنى، يېزىدىكى يۈزبېشى تۈگەپ قاپتۇ. ئەپەندى نامىزىغا قاتناشقىلى بېرىپتۇ ھەمدە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «خۇدايىم مەرھۇمنىڭ روھىنى ئېگىز قەبرىنىڭ ئىچىدە قىلغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ.

— ھەي ئەپەندى، قانداق دۇئا بۇ! مەرھۇمنىڭ روھى جەننەتتە بولغاي دەپ دۇئا قىلسىڭىز بولاتتى، — دەپتۇ بىرەيلەن ئەپەندىگە.

— مەرھۇم ھايات چېغىدا، يۇقىرىغا يامىششقا ئامراق ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يۇقىرىغا يامىشىپ، ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ كېتىپ، جەننەتكە كىرەلمەي قالمىسۇن دەپ ئەنسىرىدىم، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق

بىر كۈنى، ئەپەندى كوچىدا ۋەز ئېيتىپتۇ. ئارقىدىن نۇرغۇن پاكىتنى كۆرسىتىپ، ناھىيە ھاكىمىنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ.

— ئەپەندى، سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز قايسى ھاكىم، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ باقسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان ھاكىم چىرايى تاتارغان ھالدا.

— قايسى ھاكىم ئىكەنلىكىنى ئانچە ئېنىق بىلمەيمەن، ئۆز كۆزۈم بىلەنمۇ كۆرگىنىم يوق، مەن پەقەت خەقلەرنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.





此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# دەلدۈش دېگەن ئۆزىڭىز

ئەپەندى گۈللۈكتە مەدھىيە شېئىرى يادلاپتۇ:

— سۆيۈملۈك مەشۇقۇم، مېنىڭ يۈرىكىمدە پەقەت سەنلا بار، مېنىڭ كۆزۈمگە پەقەت سەنلا كۆرۈنىسەن!

چاقچاقچى بىر ئادەم بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەگەر هازىر كۆز ئالدىڭىزدا بىر دەلدۈش پەيدا بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ — دەپتۇ.

ئەپەندى ئازراقمۇ ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ دەلدۈش ... ئۆزىڭىزغۇ دەيمەن!



# ئاغىنەمنىڭ سانى

ئەپەندى قازى بولغانىنىڭياقى، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي. ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىمۇ ئۇپراپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بىر قوشنىسى ئەپەندىگە:

— ۋاي - ۋۇي ئەپەندى، ئاغىنىلىرىڭىز شۇنچىمۇ كۆپ بولامدىغان، كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ سانى يوققۇ دەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قانچىلىك ئاغىنەمنىڭ بارلىقىنى ھازىر ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندى، — ئاغىنەمنىڭ سانىنى مەن قازىلىقتىن چۈشكەندە سوراڭ.



# شەيتاننىڭ قىياپىتى

بىر كۈنى، بىر ھىيلىگەر دەللال ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئاڭلىسام سىزنى شەيتان بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدۇ دەيدۇ، شەيتاننىڭ قىياپىتى زادى قانداق؟

— شەيتاننىڭ قىياپىتىنى مەندىن سورىغۇچە، كەچتە ئەينەككە قارىسىڭىزلا بىلىسىز، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئىسسىق شورپا ۋە سوغۇق شورپا

بىرىنىڭ كۇرد تىلى ئۆگەنمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلى-
غان ئەپەندى، قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا مۇئەللىم بولماقچى
بوپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەپەندىنىڭ كۇرد تىلى ئاساسى پەقەت
بىرقانچە سۆزلەر بىلەنلا چەكلىنىدىكەن.

— مۇئەللىم، كۇرد تىلىدا «ئىسسىق شورپا» دېگەننى
نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— كۇرد تىلىدا «سىجاق ئاش» دەيدۇ، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا «سوغۇق شورپا»نى نېمە دەيدۇ؟

ئەپەندى سۆزنى دەماللىققا ئويلاپ تاپالماي:

— سىز بۇ سۆزنى ئۆگەنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، چۈنكى
كۇردلار ئەزەلدىن سوغۇق شورپا ئىچمەيدۇ، — دەپتۇ.



# گال ئۇستىرا

ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى:

— ئەپەندى، چېچىڭىز بەك ئۇسۇپ كېتىپتۇ، قېنى ئولتۇرۇڭ، ئېلىپ قوياي، — دەپتۇ.

ئەپەندى ماقۇل بوپتۇ. ئاغىنىسى بىر گال ئۇستىرا بىلەن ئەپەندىنىڭ چېچىنى چۇشۇرۇشكە باشلاپتۇ. ئەپەندى ئاغرىققا ئاران چىداپ، كۆزىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەپەندى، خۇشيېقىپ كېتىپ ئۇخلاپ قېلىۋاتامسىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى ئەپەندىدىن.

— شۇنداق، تېخى چۇشمۇ كۆرۈۋاتىمەن. چۇشۇمدە بىر ئىت ھەدەپ بېشىمنى غاجاۋاتقۇدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# بىتاقەت بولۇش

ئەپەندى ئېشىكىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ھەممە ياقلارنى ئىزدەپ چىقىپتۇ. بىراق ئەپەندى بولسا ئانچە بىتاقەت بولماپتۇ.

— ئەپەندى، ئېشىكىڭىز يىتىپ كەتسىمۇ بىتاقەت بولمايسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرەيلەن.

ئەپەندى قولى بىلەن يىراقتىكى تاغنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ تاغنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئادەملەر تېخى ئۇ يەرگە بېرىپ ئىزدىمىدى، ئەگەر ئۇلار ئۇ يەردىنمۇ تاپالمىسا، ئەنە شۇ چاغدا بىتاقەت بولساممۇ ئۈلگۈرىمەن، — دەپتۇ.





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com